قاۋسلقان قامجان

# ئىز ۋە ئولگا



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

15
I207.22
3

قاۋسلقان قامىجان

# ئىز ۋە ئۆلگە

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

足迹与楷模/浩斯力汗·哈米江著. —乌鲁木齐:新疆大学出版社，2002

ISBN 7 — 5631 — 1648 — 6

Ⅰ.足... Ⅱ.浩... Ⅲ.铁衣甫江— 艾力耶夫—诗歌—文学研究 — 维吾尔语(中国少数民族语言)

Ⅳ.1207.22

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 110895 号

责任编辑： 伊布拉音·哈木都拉
责任校对： 阿达来提·牙合甫
封面设计： 艾克拜尔·萨里

# 足迹与楷模

浩斯力汗·哈米江 著

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 14 号,邮政编码:830046)
新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 印张:15.75
2002 年 12 月第 1 版 2002 年 12 月第 1 次印刷
印数：0001 — 1500 册

ISBN 7 — 5631 — 1468 — 6
定价：20.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىبراھىم ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# ئىز ۋە ئۇلگە

ئاپتورى: قاۋىسلقان قامىجان

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14№، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 15.75
2002 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1500 — 0001

ISBN 7 — 5631 — 1468—6
باھاسى: 20.00 يۈەن



قاۋسلقان قامجان

# مۇقەددىمە

قاۋسىلقان قامىجان 1942 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتى تولى ناھىيىسىدە ئاددىي چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1950 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغا قەدەر ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئوقۇغان. 1956 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغا قەدەر چۆچەك شەھىرىدە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1959 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1964 ـ يىلىدىن 1992 ـ يىلىغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۇ 1992 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

قاۋسىلقان قامىجاننىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچىلىق پائالىيىتى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىلا باشلانغان. 1962 — 1963 ـ يىللىرى ئۇنىڭ «ئاق يول تىلەيمەن» ، «ناخشا ھەققىدە ناخشا» ، «مامىربېكنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلىرى قازاقچە «شىنجاڭ گېزىتى» ، «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان، كېيىن ئۇ «سول» چىل تەتۈر قۇيۇننىڭ زەربىسىگە قاتتىق ئۇچرىغانلىقتىن، مەتبۇئات ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كاساپىتى بىلەن بۇزۇلغان ۋەزىيەت ئوڭشىلىپ، بۇلغانغان سىياسىي ئاتموسفېرا سۈزۈلۈشى بىلەن قاۋسىلقان قامىجان قەدىمىي شەھەر قەشقەردە ئۆزى

ياشىغان مۇھىتتىن، ئوخشۇشلۇق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بىر تەرەپتىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەتقىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاپالىق ئىزدىنىپ، تىرىشىپ قەلەم تەۋرىتىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك زور نەتىجە ھاسىل قىلىش ئارقىلىق كەڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. 1989 - يىلىغا كەلگەندە قاۋسىلقان قامىجان قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر تەتقىقاتچى بولۇپ باھالىنىدۇ ھەم «قەشقەر گېزىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى»، «تۇرپان» ژۇرناللىرىدا تەتقىقات، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ساھەسىدىكى مول نەتىجىلىرى، ئۆلگىلىك ئىش ئىزلىرى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلىدۇ. 1990 - يىلى 1 - ئايدا قازاقىستان جۇمھورىيىتىدە چىقىدىغان «شالقار» ناملىق خەلقئارا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان نوپۇزلۇق گېزىتتە ئېلان قىلىنغان «تەتقىقاتچى» ناملىق ئۇزۇن ماقالە ئارقىلىق قاۋسىلقان قامىجان كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەھەتتە سىڭدۈرگەن ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا بېرىلىدۇ. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جانابىل سىماغول خىزمەت تەكشۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەرگە بارغاندا، قاۋسىلقان قامىجاننى قوبۇل قىلىپ: «سەن بىر ئۆمۈر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى پۇختا ئۆگىنىپلا قالماستىن يەنە ئۇنى تەتقىق قىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا خېلى زور تەسىر قوزغىدىڭ، بۇ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋىتىدە ئالاھىدە قەدىرلەشكە تېگىشلىك بىر مۆجىزىدۇر. ئەمدى تەتقىقاتىڭنى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ بېرىپ داۋاملاشتۇرساڭ، يولۇڭ يەنىمۇ راۋانلىشىدۇ. چۈنكى ئۇ يەردە پايدىلىق شارائىت تولۇق» دېگەن.

قاۋسىلقان قامىجان 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، جاسارىتىنى ھەسسىلەپ

زىممىسىگە ئالماقتا.

قاۋسىلقان قامىجان ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا «ئىزدىنىش»، «ئۈمىد»، «قەلەم ۋە قەدەم»، «ئەدەبىي ئەسەر ۋە بەدىئىي زوق»، «ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئويلار»، «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان قازاق ئەدەبىياتى»، «يېزىقچىلىق ئاساسىي بىلىملىرى»، «تېيىپجان ئېلىيوپ تەتقىقاتى» قاتارلىق ئىلمىي كىتابلىرىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە»، «مىكرو ھېكايە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە»، «ئاتا تارىخىنىڭ بەدىئىي ئېنسىكلوپېدىيىسى»، «ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۈمىدلىك ياش كۈچلىرى»، «شېئىرىي ماھارەت ۋە شائىر تەپەككۇرى»، «مۇھەممەتجان سادىق پوئېزىيىسى»، «‹ئىلى دولقۇنلىرى› رومانىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى»، «بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى»، «تارىخىي چىنلىقنىڭ توغرا بەدىئىي يېشىمى»، «باشباي ۋە باشباي رومانى»، «لۇشۈن تەتقىقاتى ئىلمى ھەققىدە»، «قىرىق يىلنىڭ مېۋىلىرى» قاتارلىق 217 پارچە ئىلمىي ماقالىسى ۋە ئەدەبىي ئوبزورلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ بۇ ئەمگەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «دەۋر ۋە شائىر»، «تاڭجارىق ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى»، «تالانت جاپالىق ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ»، «مىللىي ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك»، «ئاتا تارىخىنىڭ بەدىئىي ئېنسىكلوپېدىيىسى»، «تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى كۆز قاراشلار»، «ئىتتىپاقلىق ناخشىسى ‹شىپار ئاتلىق قازاق› ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. قاۋسىلقان قامىجاننىڭ «مىكرو ھېكايە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى»،

«قىسقا ھېكايىلەرنىڭ رولى ۋە قىممىتى» ، «غەلىبىلىك قەدەم ۋە ئىجادىي ئىزدىنىش» ، «تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى قاراشلار» ، «‹شىۋىرغانلىق بېكەت› ۋە ‹ئېلجاۋكۆنبىي› رومانلىرى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» قاتارلىق ئەسەرلىرى ھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

قاۋسىلقان قامىجان ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردىكى كەڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە سەمىمىي ياردىمىگە ئېرىشىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭمۇ ئالاھىدە ئىلھام بېرىشىگە ئېرىشتى. 1998 - يىلى يازدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت قاۋسىلقان قامىجاننى قوبۇل قىلىپ سۆھبەتلىشىپ، ئاخىرىدا «قاۋسىلقان، سەن بىز ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدىڭ، بۇنى ئۇيغۇر خەلقى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ تېپىك تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى «تارىم» ژۇرنىلى، قازاقچە «شىنجاڭ گېزىتى» ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى قازاقچە ۋە قىرغىزچە ئىككى خىل تىلدا كەڭ دائىرىدە تونۇشتۇرغان. تېيىپجان ئېلىيوپ تەتقىقاتىدا «ئىز ۋە ئۆلگە» — قاۋسىلقان قامىجاننىڭ بىر مۆچەل ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ جاپالىق ئىزدىنىش، تەتقىقات داۋامىدا بارلىققا كەلتۈرگەن بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

تېيىپجان ئېلىيوپ XX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاسمىنىدا چاقنىغان بىر نۇرلۇق يۇلتۇز، ئۇ مەشھۇر شائىرلا ئەمەس، ئەتراپلىق ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەدەبىيات ئالىمى، ھەممىگە ماھىر بىلىملىك، ئىقتىدارلىق ئىجادكار. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ تۆھپىلىرى سان جەھەتتىن كۆپ، ساپا جەھەتتىن يۇقىرى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تەسىرى يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالماي، كۆپ مىللەتلىك جۇڭخوا ئېلىمىز

ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تەسىرى يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالماي، كۆپ مىللەتلىك جۇڭخۇا ئېلىمىز ئەدەبىياتىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، ھەتتا مەملىكىتىمىز سىرتىغىمۇ بەلگىلىك تەسىرىنى كۆرسەتكەن.

قازاق تەتقىقاتچىسى قاۋسىلقان قامىجان پىداكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆڭلىمىزدىكىدەك ئىشلارنى قىلىپ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىش بىلەن بىر چاغدا، زامانىمىز ئەدەبىياتىدا تەسىرى ئەڭ زور، يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئۇزۇن ۋاقىت ئىزدىنىپ قەلەم تەۋرىتىپ 30 پارچىغا يېقىن ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن.

قاۋسىلقان قامىجاننىڭ پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغان پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىپ، ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ئۇنىڭغا رەھمەت خېتى يېزىپ: «بىر قازاق زىيالىيسىنىڭ كەڭ قورساقلىق، كەمتەرلىك ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن جاپالىق ئىشلەپ، قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئەجىر سىڭدۈرۈپ كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازانغانلىقىنى ھەم بىز ئۈچۈن شۇنچە ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئادىللىق بىلەن چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئويلىساق، شائىرنى قەدىرلەيدىغان (تېيىپجان ئېلىيوپنى دېمەكچى) ھەممىمىز ئۇنىڭغا ‹بۇغداي سۆزى› مىزنى يەنى ئاددىي بولسىمۇ چىن رەھمىتىمىزنى ئىزھار قىلماي تۇرالمايمىز» دەپ يۈرەك سۆزىنى ئىزھار قىلغانىدى.

«ئىز ۋە ئۆلگە» ناملىق بۇ ئىلمىي كىتاب — بۈيۈك شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، ئىجادىيەت

پائالىيەتلىرى، ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى، ئىجادىيىتىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە دۇنياۋى تەسىرى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ يېزىلغان.

«ئىز ۋە ئۈلگە» ناملىق بۇ كىتاب يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى، ئاساسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ، شانلىق ئۈلگە تىكلىگەن شېئىرىيەت پېشۋاسى، ئەدىب تېيىپجان ئېلىيوپنى بەدىئىي ئىجادىيەت دۇنياسىدىن ئىلىم ـ پەن دۇنياسىغا ئېلىپ چىققان. شۇڭا بۇ كىتاب بىزنىڭ سۆيۈملۈك شائىرىمىزنى بىر پەن سۈپىتىدە كەڭ دائىرىدە، ئەتراپلىق، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىزدا پايدىلىنىش قىممىتى زور قورال سۈپىتىدىكى ماتېرىيال بولالايدۇ.

شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى، بىزنىڭ دەۋرىمىز ئىلىم ـ پەن دەۋرى، رىقابەت دەۋرى، شۇنداقلا يېڭىنى ئىجاد قىلىش، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەش دەۋرى، ئىلمىي تەتقىقات دەۋرىدۇر.

«ئىز ۋە ئۈلگە» ناملىق بۇ كىتاب ماتېرىيالىنىڭ بايلىقى، تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، ئىلمىيلىكى، يېڭىلىقى، ئىجادىيلىقى، پايدىلىنىش قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تېيىپجان ئېلىيوپنى تەتقىق قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇشتا، چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۈنۈملۈك ئۆرنەك بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.

دېمەك، مەشھۇر شائىر تېيىپجان ئېلىيوپتىن ئىبارەت بىر گىگانت شەخس نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىشلىرىمىزدىكى رېئال ئەھمىيەتكە، ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە مەڭگۈلۈك توزىماس تېمىلارنىڭ بىرىدۇر.

مۇھەررىردىن

2001 ـ يىل 6 ـ ئاي



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1

I باب تېيىپجان ئېلىيوپ تۇغۇلىسىدىكى تەتقىقات
ھەققىدە ........................................ 1

II باب تېيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى
باسقۇچى ........................................ 16

III باب تېيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى
باسقۇچى ........................................ 32

IV باب تېيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيىتىنىڭ ئۈچىنچى
باسقۇچى ........................................ 47

V باب تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئۆمرى ۋە ئىجادىيىتى ... 63

VI باب تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىدىكى تېما كەڭلىكى
ۋە دەۋر كۆرۈنۈشى ........................ 77

VII باب تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي
ئالاھىدىلىكى ........................................ 104

VIII باب تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىدىكى پەلسەپۋى
قاراشلار ........................................ 123

IX باب تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىدىكى
ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ........................ 147

X باب تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن
ئىنتېرناتسىئونالىزم ........................ 167

XI باب تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىدىكى مەرىپەت

روھى ..... 183

XII باب تېيىپجان ئېلىيوپ داستانلىرى ..... 203

XIII باب تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرى ... 249

XIV باب تېيىپجان ئېلىيوپ پروزا ئەسەرلىرىنىڭ
ئۆزگىچىلىكلىرى ..... 269

XV باب تېيىپجان ئېلىيوپ ئىلمىي ئەسەرلىرىنىڭ
قىممىتى ..... 290

XVI باب تېيىپجان ئېلىيوپ ئەسەرلىرىنىڭ مەملىكەت
ئىچىدىكى ۋە دۇنياۋى تەسىرى ..... 312

XVII باب تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتى ..... 339

XVIII باب تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتى ..... 357

XIX باب تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا
ساتىرا ..... 373

XX باب تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىنىڭ تىلى ..... 396

XXI باب تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئىجادىيەت پەزىلىتى ۋە
ئىجادىيەت ئىستىلى ..... 426

XXII باب تېيىپجان ئېلىيوپ ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات
ۋە مەن ..... 437

XXIII باب تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ناخشا تېكىستلىرى،
ماتەم ناخشىلىرى ۋە چاقچاقلىرى ..... 449

ئاخىرقى سۆز ..... 485

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ نەشر قىلىنغان كىتابلىرى ..... 489

# I باب تېيېجان ئېلىيوپ توغرىسىدىكى تەتقىقات ھەققىدە

ئىنسانىيەت تارىخىدا بارلىققا كەلگەن ئاجايىپ قىممەتلىك مۆجىزىلەرنى، يېڭىلىقلارنى، كەشپىياتلارنى، ئىلىم - پەن دۇردانىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك ھەر بىر دەۋرنىڭ تالانتلىق، پاراسەتلىك، ئىجادچان، تۆھپىكار شەخسلىرى ياراتقان. بۇ نەتىجىلەرنى ئايرىم ئىلىم ئىگىلىرى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش، بېيىتىش، كېڭەيتىش، ھەقىقىيلىقىنى، ئىلمىيلىكىنى ئىسپاتلاپ قانۇنىيەتلەشتۇرۇش، مەلۇم قېلىپقا چۇشۇرۇپ مۇكەممەللەشتۇرۇش ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە يەتكۇزگەن، تارقاتقان. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇزلۇكسىز ئىلگىرىلەش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىپ، يېڭى بىر ئىلىمنىڭ ئاساسىنى يارىتىپ، سىستېمىسىنى شەكىللەندۇرگەن. ئىلىم - پەن دۇنياسىنىڭ چەۋەندازلىرى مەلۇم ئورۇندا، مەلۇم ۋاقىت، مەلۇم شارائىتتا چېچەكلەپ مېۋە بېرىپ چەكسىز ھاياتىي كۇچىنى نامايان قىلىدۇ. ئەدەبىيات — بىر خىل ئىجادىيەت. ئادەتتە ئەدىبلىرىمىز، نەزەرىيەچىلىرىمىز ئۇنى تىل سەنئىتى، رېئال تۇرمۇشنىڭ يازغۇچىلار مېڭىسىدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئىنكاسى دەپ تەرىپلىشىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، پاكىتقا تايىنىپ ئىلمىي ئاساستا يەكۇنلەنگەن ھەقىقەت. شۇنىڭدەك ئۇ داۋاملىق تەتقىق قىلىش، تەكرار سىناقتىن

ئۆتكۈزۈش جەريانىدا قىممىتى تېخىمۇ ئېشىپ، ئىجتىمائىي پەننىڭ مۇھىم بىر ساھەسىگە ئايلانغان. كىتابخانىلار ھەر خىل تۈر، ژانىرلاردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن مەنىۋى كۈچ، روھىي ئوزۇق، بەدىئىي لەززەت ئېلىپلا قالماستىن، ئۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىدۇ؛ ئۇنى ئۆزلىرىنى تەربىيىلەشنىڭ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ ئۈنۈملۈك قورالىغا ئايلاندۇرىدۇ.

دېمەك، ئىنسانلار ئۈچۈن بىلىشكە تېگىشلىك، باشقىلارغا بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك زۆرۈرىيەت تۇپەيلىدىن ئىلمىيلىكنى تەتقىق قىلىش دائىرىسىگە كىرىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىلىمدۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ۋە بارلىق ئەدەبىي ھادىسىلەر، ئۇنىڭ ئىجادكارلىرى ئەنە شۇ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق يېڭى شەيئى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىلمىي مۇھاكىمىنىڭ دەسلەپكى قەدىمى ئالدى بىلەن شۇ مۇھاكىمە نىشانىنىڭ ئىجادكارى ۋە ئۇنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىنى تونۇش، ئۆزلەشتۈرۈش، تەتقىق قىلىشتىن باشلىنىپ، ئاندىن بارغانسېرى كېڭىيىدۇ، چوڭقۇرلىشىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا ئىلىم - پەن خەزىنىسىگە بېرىپ قوشۇلۇپ تارىخ بېتىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالىدۇ. ئېلىمىز ئەدەبىياتىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن «لى بەي تەتقىقاتى»، «دۇفۇ تەتقىقاتى»، «لۇشۇن تەتقىقاتى»، «تاڭجارىق تەتقىقاتى»، «‹قۇتاد غۇبىلىك› تەتقىقاتى»، «‹ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى› تەتقىقاتى» قاتارلىقلار قارىماققا ئايرىم شەخس، ئايرىم ئەسەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇلار ئارقىلىق بىر دەۋر، بىر مىللەت ئەھۋالىنىڭ ئومۇمىي

ھالىتىگە بىرىپ تاقىلىدىغان ھالقىلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇلار ئارقىلىق بىر دەۋر، بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن بۈيۈك تۆھپىكار شەخس، نادىر ئەسەر بارمۇ ـ يوق؟! دېگەن مەسىلىگە تولۇق جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى، يۇقىرىدا دېيىلگەن لى بەي، دۇفۇ، لۇشۈن، تاڭجارىققا ئوخشاش تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر قەلەم ئىگىلىرىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۆز زامانىدا ئوتتۇرىغا چىققان بۈيۈك تىل سەنئەتكارلىرى، ئۆزلىرى ياشىغان دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرى دەپلا چۈشىنىشكە بولمايدۇ، ئۇلار، تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەدىئىي ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئىلىم بەرپا قىلغۇچى ئىجادكارلار، كامالەتكە يەتكەن تالانت ئىگىلىرى، ئىلىم ئىگىلىرى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى تەتقىق قىلىش پائالىيىتى، كەم ـ كۈتىسىز ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتىدۇر.

بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەملىكىتىمىز ئىچى ـ سىرتىغا تونۇلغان بايراقدارى، ئاجايىپ ئىقتىدارلىق ئىجادكار، ئەتراپلىق يېتىشكەن مول بىلىملىك ئەدىب، مەشھۇر شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن بىباھا گۆھەر، قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسى — بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى ئىلمىي ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىدۇر.

تېيىپجان ئېلىيوپ قازاق مىللىتىنىڭ XIX ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىرى ئاباي قۇنانباي بىلەن تەڭ 59 يىل ئۆمۈر كۆرگەن، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلانى، سۆيۈملۈك شائىرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەرىپەتپەرۋەر، ئەدەبىياتخۇمار ئۇيغۇر خەلقى تېيىپجان ئېلىيوپتەك جاھان تونۇغان تالانت ئىگىسىنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. شائىرنىڭ «جەڭچى ئاكامغا» ناملىق تۇنجى شېئىرىدىن باشلانغان قىرىق

نەچچە يىللىق ھاياتىنىڭ ھېلىقى شۇم يىللاردا سۈرگۈن
قىلىنىپ، بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ئون يىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا،
ئۇنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىق ئىچىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان
ۋاقتى 34 يىل ئۆپچۆرىسىگە توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ تېيىپجان
ئېلىيوپنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى،
ئىجادىيەت مېۋىلىرى، باشقا ئىلمىي پائالىيەتلىرى ئۈستىدە
نۇقتىلىق ئېلىپ بارغان تەتقىقات ئىشلىرىمىز بىرلا شەخس بىلەن
چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ يەنىلا ئومۇمىي ئىشلارغا بېرىپ
چېتىلىدۇ. شۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بىز دەۋاتقان
تېيىپجان ئېلىيوپ تەتقىقاتى — بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى
تەتقىقاتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى.

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ماڭغان يولى خەلقنىڭ يولى، تارىخ
يولى، مەرىپەت يولى، ئىستىقباللىق ئىجادىيەت يولى. ئۇ،
بۈگۈنمۇ، كەلگۈسىدىمۇ قۇدرەتلىك بەدىئىي ئەدەبىيات دۇنياسى
ئاسمىنىدا، تارىخ بېتىدە، خەلق قەلبىدە چاقناپ تۇرىدىغان
نۇرلۇق يۇلتۇز، ئۆچمەس چىراغدۇر. تېيىپجان ئېلىيوپ شائىر،
شائىر بولغاندىمۇ شائىرنىڭ شائىرى، گۆھەرنىڭ گۆھىرى. ئۇ
ئىسمى جىسمىغا لايىق ھەقىقىي ئىنسان. تېيىپجان ئېلىيوپنى
تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئارقىلىق باشقىلاردىن روشەن
پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ: بىرىنچى، ئۇ تىرىشچانلىق، چىداملىق
جاسارەتنى، يىراقنى كۆرىدىغان، بۈگۈننىمۇ، كەلگۈسىنىمۇ
ئويلايدىغان ئۈمىدۋارلىق روھىنى كىچىك چېغىدىلا يۇمران
قەلبىدە چېچەكلەتكەن. خەلق كۈچىگە، تارىخ ھەقىقىتىگە زور
ئىشەنچ باغلىغان. بېشىغا تۇرمۇشنىڭ ئېغىر قىسمەتلىرى كەلگەن
مەزگىللەردىمۇ بوشاشماي ئالدىغا قاراپ غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەش
يولىنى تاپقان. ئۇ ئۇنىڭ كەشپىيات يولى، يېڭىلىق يارىتىش
يولى، ئىزدىنىش يولى ئىدى. ئىككىنچى، تېيىپجان ئېلىيوپ
ھەر قانداق ۋاقىت، ھەر قانداق شارائىتتا ئىنسانپەرۋەرلىك،



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com